# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

(19)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۆچقۇنجان ئۆمەر
رەسىمىنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

**19**



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**پىلانلىغۇچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**مەسئۇل مۇھەررىرلىرى:** تۇرغۇن تۇنىياز، ھۆرىيەت نىياز
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ھۆرىيەت نىياز

**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** ئازات بارات
**قايتا تەكشۈرگۈچى:** تۇرغۇن تۇنىياز
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**باسما مەسئۇلى:** لىۇ ۋېيىۇ

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى (19)

**(رەسىملىك نۇسخىسى)**

**لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى:** ئۇچقۇنجان ئۆمەر

**رەسىمنى سىزغۇچى:** ئادىلجان ئابلىز

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
**ئومۇمىي باسما تاۋىقى:** 30
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 7808 - 6
**ئومۇمىي باھاسى:** 100.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

# كىرىش سۆز

سەلەي چاققان بىر ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ لەتىپە ـ چاقچاق ژانىرىدا يۇلتۇز كەبى چاقناپ تۇرغان مىللەت بايلىقىنىڭ بىرى. ئۇ داڭلىق لەتىپىچى، قىزىقچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تالانتلىق خەلق قوشاقچىسى، راۋابچى، ئەلنەغمىچىدۇر.

سەلەي چاققان 1790 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1850 ـ يىلى ئانا يۇرتىدا ۋاپات بولغان. سەلەي چاققان كىچىك ۋاقتلىرىدىن باشلاپ خۇش مىجەز دادىسىنىڭ ياخشى مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئوبدان ئىگىلىگەن. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا نۇرغۇن يۇرتلارنى كېزىپ، مۇڭلۇق راۋابىنى چېلىپ قوشاق ئېيتىپ، لەتىپىلەرنى سۆزلەپ، خەلق بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولغان. نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە يېڭىلىققا تەلپۈنۈپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى سەلەي چاققاننىڭ خەلقپەرۋەر سەنئەتكار بولۇپ يېتىلىشىگە ئاساس سالغان. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ پايدىسىغا كۆيۈپ، زىيىنىغا يىغلىغان. پۈتكۈل ھاياتىدا چىرىك، كونا ھاكىمىيەتنىڭ قولچوماقچىلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ، كەڭ ئەمگەك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چى خەلقىنىڭ قىساس - ئۆچلىرىنى ئېلىپ بېرىدىغان يالقۇنلۇق قوشاقچى، ئۆتكۈر لەتىپىچى، قىزىقچى سۈپىتىدە داڭ چىقارغان. سەلەي چاققان خۇش مىجەز، گەپ - سۆزدە ھازىر جاۋاب، ھەرىكەتتە چېۋەر، چەبدەس بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «سەلەي چاققان» دەپ تەرىپلەشكەن. بۇ نام ھازىرغا قەدەر كىشىلەر ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، ھەم نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر، ھەم نەزم - شېئىرىي شەكىلدە ناخشا - قوشاق، سۆز ئويۇنى شەكلىدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر بار. بۇ لەتىپىلەرنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن لەتىپىلەردە ماھىيەتلىك بىر نۇقتا بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى قانۇنىيەتلىك ھالدا تۇگۈن، يېشىم، يەكۈنلىرىنى نامايان قىلغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ 200 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ، ئۈزۈكسىز بېيىپ، ئۈزۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، ئۈزۈكسىز كەڭ تارقىلىپ كېلىشى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە كەڭ تېما، ساغلام مەزمۇنغا ياندىشىپ يۇمۇرىستىك تىل مەۋجۇت. تىل — لەتىپىنىڭ جېنى، قانىتى. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاس تىلى بار بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى ئومۇمىي خەلق تىلى، پۇقرالار تىلى، ئاممىباب تىل بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن ھەممە كى-

شىڭگە، ھەممە جايغا باب كېلىدۇ. بۇ لەتىپىلەردە ئەينى دەۋردىكى ئەمگەكچى خەلق قاتلىمىدىن باشقا يەنە خان - پادىشاھ، ۋەزىر - ئۆلىما، ھاكىم، بەگ، باي، غوجايىن، قازى، شاڭيو، دورغا، يايى - پاششاپ، گەيجاڭ، ياساۋۇل - چېرىك قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەربىر تەبىقىلىرىنىڭ رەڭگىرويى، ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق كۆرگىلى، ئۇلارنىڭ ئادەملىك قىممىتىنى تارازىغا سېلىپ باھالىغىلى بولىدۇ. بۇلارنى يورۇتۇشتا سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ تىلى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. يەنە بەزى لەتىپىلەردە قوللىنىلغان ماقال - تەمسىللەر، ئىدىيوملار، تېپىشماقلار ۋە ھېكمەت دۇردانىلىرى — ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ھېس - تۇيغۇسىنى كۈچلۈك سۈرەتلەپ، قەدىمىي مىللەتلەر قاتارىدىكى نوپۇزلۇق ئورنىنى دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلىپ بەرگەن. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ قويۇق مىللىي پۇراق ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولالىغانلىقى، لەتىپە ۋەقەلىكى ۋە يەر - جاي ناملىرىنىڭ ساقلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلەلىگەنلىكى، تۈزۈلۈشىدىكى ئىخچاملىق، ئېيتىشقا، يادلىۋېلىشقا، ئەستە قالدۇرۇشقا قولايلىق بولغانلىقى، بولۇپمۇ يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي بولغانلىقى — ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلىدۇر.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدە تارىخىي، ئەقلىي، پەلسەپىۋى مەزمۇنلاردىن باشقا يېڭى دەۋر مەزمۇنىدىكى لەتىپىلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەي-

دۇ. دەۋر چاقىنىڭ ئۈزۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە ۋە تۈرلۈك دەۋر يېڭىلىقلىرىنىڭ ئۈزۈكسىز مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، تارىخىي، ئەنئەنىۋى لەتىپىلەرنى ئاساسىي تۈۋرۈك ۋە ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاساستا يېڭى دەۋردىكى تۈرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن لەتىپىلەر كۆڭلىمىزنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدۇ. بۇ لەتىپىلەر زامانغا لايىقلاشقان ھالدا توقۇلغان، تارقالغان. داڭدار سەلەي چاقچاقنىڭ نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ لەتىپىلەر سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرىگە يېڭى تۈس ۋە يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىگە ئوخشاش جۇغلانغان ئەقىل ئابىدىسىگە ئايلانغان.

سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى بىر پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنىدۇر. بىز بۇ بىر يۈرۈش 10 قىسىم «سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى»نى بىر لەتىپىگە بىر رەسىم ياندىشتۇرۇپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق. سەلەي چاقچاقنىڭ پورترېتىنى يارىتىشتا داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد ياراتقان پورترېتتىن ئىجابىي پايدىلاندۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سەلەي چاقچاقشۇناسلىق ساھەسىدە ئىزدىنىۋاتقانلار، رەسساملارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ھەم بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تەييارلاشقا يېقىندىن مەدەت بەرگەن بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

# مۇندەرىجە


كىيىنچە تېپىلىپ قالار ........................ 2
بىراقلا دادامنى بېرىۋەتسەك بولمىدىمۇ؟ ........................ 4
قازان تېپىلىدۇ، لېكىن... ........................ 6
كېرەك يوق ........................ 8
شوتا سوراش ........................ 10
يوبدان ........................ 12
چاقچاق دېسىلە ........................ 14
قىرىق يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى ........................ 16
خام كاۋاپتىن بېرىڭ ........................ 18
سۆسەر تۇماق بەچچە ........................ 20
شۇڭا ئادەم جىق ........................ 22
سىلىمۇ دورىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تېتىپ باققانمۇ؟ ........................ 24
قاسىرىقىدىن ئاجرىغان بەگ ........................ 26
شام چىشلىگەن قاغا ........................ 28
سېتىۋالغان ئۆكۈز ........................ 30
ھۇۋقۇشتەك بولۇپ قاپلا ........................ 32
داراڭلىغان چېلەك ........................ 34
قوچقار ۋەقەسى ........................ 36
توڭلاپ قالمىسۇن دېدىم ........................ 38
ساڭا بۇرۇت چىققاندىن كېيىن... ........................ 40

www.uyghurkitap.com

# كېيىنچە تېپىلىپ قالار

سەلەي چاققانىنىڭ بىر قوشنىسى ناھايىتى جازانىخور ئادەم ئىكەن، پۇرسەت تاپسىلا پېقىر - مىسكىنلەرنى بوزەك قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر خۇرجۇن پۇلنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، سەلەي چاققان تېپىۋالغان خۇرجۇننى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. قوشنىسى پۇلنى قايتا - قايتا ساناپتۇ ھەم قوشۇمىسى سەل تۈرۈلۈپ قاپتۇ.

— نېمە بولدى، قوشنام، پۇللىرى كەم تۇرامدۇ؟

— ياق، ياق.

— ئەكەلسىلە، مەن ساناپ باقاي، — سەلەي چاققان ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلنى يەنە بىر قېتىم سانىغاندىن كېيىن دەپتۇ:

— بۇ پۇلنىڭ ئۆسۈمى كۆرۈنمەيدىغۇ دەپ خاپا بولمىسىلا، كېيىنچە تېپىلىپ قالار.





ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بىراقلا دادامنى بېرىۋەتسەك بولمىدىمۇ؟

سەلەي چاققان بىرقانچە ئاداشلىرى بىلەن توپ ئويناپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئارىسىدا كىيىملىرى جۇل - جۇل بىر بالا بار ئىكەن. بۇنى كۆرگەن ئانىسى:

— بالام، قولۇڭدىكى توپنى ئاۋۇ دادىسى يوق بىچارە بالىغا بەرگىن. مەن يېڭىدىن بىرنى ئېلىپ بېرەي، بولامدۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاققانغا.

— بولىدىلا ئانا، بىز ئۇنىڭغا توپنى بەرمەي، بىراقلا دادامنى بېرىۋەتسەك بولمىدىمۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان.

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.





# قازان تېپىلىدۇ، لېكىن...

بىر كىشى ئوغلىنىڭ بالا - چاقىلىق بولغاندىن كېيىنمۇ ئېغىرنى سىلىقۋالغانلىقىغا چىدىماي، بەش - ئالتە ئاقساقالنى چاقىرىپ، شۇلارنىڭ ئالدىدا ئوغلىنىڭ ئۆيىنى ئايرىپ قويماقچى بوپتۇ. ئۆي ئايرىش چېيىغا كەلگەن كىشىلەر قارىسا، ھېلىقى كىشىنىڭ ئوغلى ھويلىدا يىغلاپ يۈرگۈدەك، مېھمانلارنىڭ بىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەك بولۇپ:

ـــ دادامدىن ئايرىلىپ كېتىدىغان بولدۇم، دەپ كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇۋاتامدۇ، يىغلىما، ـــ دەپتۇ.

ـــ دادامدىن ئايرىلىدىغانغا ئەمەس، ئۇنىڭ قازىنىدىن ئايرىلىدىغانغا يىغلاۋاتىمەن، ـــ دەپتۇ ئۇ.

ھەيران بولغانلاردىن بىرى:

ـــ يىغلىما، ئاش تاپساڭ قازان تېپىلىدۇ، ـــ دەپتۇ ئاسماقچىلاپ.

شۇ چاغدا سەلەي چاققان:

ـــ لېكىن، ئوغلىنى ئۇنىڭ قازانلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلگۈچە بويىنىغا مىندۇرۇپ يۈرىدىغان ئاتا تېپىلمايدۇ دۇنيادا، ـــ دەپتۇ.





# كېرەك يوق

سەلەي چاققان خان ھۇزۇرىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، دوست - ئاغىنىلىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر تالىپ بار ئىكەن. ئۇ خان ئوردىسىدىن ئۆزىگە بىرەر خىزمەت تېگىشىنى تەمە قىلىپ، سەلەي چاققانىنى كۈندە يوقلاپ، ئىخلاسمەنلىك بىلدۈرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خان سەلەي چاققانىنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. بىر كۈنى، پىيادە كېلىۋاتقان سەلەي چاققان ئېشەك مىنىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى تالىپ بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. تالىپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئاران ئىلىك ئاپتۇ - دە:

— ئەپۇ قىلسىلا، ئالدىراپ قېلىپ ئېشەكتىن چۈشەلمىدىم، — دەپتۇ.

— كېرەك يوق، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — مەن يەنە ئوردىغا بېرىپ خىزمەت قىلغاندا، چۈشمەي قويمايلا!





# شوتا سوراش

بىركۈنى قوشنا ئايال سەلەي چاققاننىڭ ئايالىدىن سوراپتۇ:

— شوتىلىرىنى بېرىپ تۇرسىلا، بىزنىڭ شوتا سۇنۇپ كەتكەن. ئۆگزىدىكى كىرلىرىمنى ئېلىپ چۈشۈۋالسام؟

— خاپا بولمىسىلا، — دەپتۇ «بەرمەسنىڭ قازىنىنى ئېسىپ» سەلەي چاققاننىڭ ئايالى، — بىزدە ئۆگزىگە چىقىدىغان شوتا بار، چۈشىدىغىنى يوق...

— ۋييەي، — دەپتۇ قوشنىسى ھەيران بولۇپ، — ئۆزلىرى شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقسىلا، كېيىن قايسى شوتا بىلەن چۈشىلا؟

— قىزىقكەنلا، — دەپ كۈلۈپتۇ سەلەي چاققاننىڭ ئايالى، — چۈشىدىغان ۋاقتىمدا ئېرىم مېنى ئۆزى شوتا بولۇپ چۈشۈرۈۋالىدىغۇ؟





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يوبدان

ھاكىمبەگ بىر جۈمە كۈنى جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇپ بول-
غاندىن كېيىن ۋەز ئېيتىپ:

— ئى ئەھلى جامائەت، مەن بۈنىڭدىن كېيىن سىلەر بىلەن جاپا - مۇ-
شەققەتتە بىللە بولىمەن، رىيازەتنى بىللە چېكىمەن، — دەپ ۋەدە قىپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. ئۇ مەھكىمىدە خىزمەت قىلىۋاتقان
سەلەي چاقّانىنى چاقىرتىپ:

— قوينىڭ دۈمبە يېغىدىن ئېتىلگەن ئاشمانتا تەييارلاتقۇزۇپ
ئەكىر، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن سەلەي چاقّان بىر ھېجىر يوبدانىنى ھا-
كىمبەگنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچقان ھاكىمبەگ:

— ئاشمانتا بۇيرىسام، نېمە ئۈچۈن يوبدان ئەكىردىڭ؟ — دەپ ۋارقى-
راپتۇ.

سەلەي چاقّان:

— تەقسىر، ئۆتكەندە سىلىنىڭ «ئەھلى جامائەت بىلەن جاپا - مۇ-
شەققەتتە بىللە بولىمەن، رىيازەتنى بىللە چېكىمەن» دېگەنلىرىنى ئاشپەز
ئۇستام ئاڭلاپ قالغانىكەن، شۇڭا مۇشۇنداق تاماق ئېتىپ بەردى، — دەپتۇ
مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# چاقچاق دېسىلە

سەلەي چاقچاق بىر باققال دۇكىنىنىڭ بىر چېتىدە ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن نان سېتىشقا باشلاپتۇ.

بىرەر ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، دۇكاندار چىدىماسلىق قىپتۇ:

ــ سىلىگە دۇكىنىمنىڭ ئالدىدا نان ساتقىلى خېلى ئۇزاق بولدى. ئۆتكەن ئاينىڭ ئىجارىسىنى تۆلىسىلە.

ــ ھەممىگە مەلۇم، مەن بۇ يەردە ئىسسىق نان ساتىمىسام، سىلىنىڭ كىشمىش قاتارلىق نەرسىلىرى ئۇنچىۋالا سودىسىنى تاپالماس ئىدى. «سەن تاز دېگۇچە، مەن تاز دەۋالاي» دېمەي، بىر ئايلىق سودىنىڭ پايدىسىنى ماڭا ئايرىسىلا، ــ دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

سەلەي چاقچاقنىڭ ئەلپازىدىن ۋە ئۇ راستتىنلا كېتىپ قالسا، پايدىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققان قۇۋ باققال سەل بوشاپ چاقچاققا ئۆتۈپتۇ:

ــ بېرىۋاتقان بىر ئىسسىق نانلىرىنى توختاتمىسىلا بولدى، سېتىۋەرسىلە! يەنە مېنى خالايىققا كۈلكە قىلىپ كۆرسىتىپ يۈرمىسىلە!

ــ ياق، كۈلكە قىلىپ كۆرسەتمىسەممۇ، تۈلكە قىلىپ كۆرسىتىشىم ئېنىق.

سەلەي چاقچاقنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشقا كۆزى يەتكەن باققال:

ــ يا... پاناھ! ــ دەپ قېتىپ قاپتۇ.

ــ قورقمىسىلا، «سودىگەرگە بوش كۆرۈندۈڭ ــ گۆش كۆرۈندۈڭ» دېگەن ماقال بار. شۇڭلاشقا «بوش كۆرۈنمەي» دەپ چاقچاق قىلدىم، ــ دەپتۇ سەلەي چاقچاق.

ــ خۇداغا شۈكۈر، چاقچاق دېسىلە، ــ دەپتۇ دۇكاندار ھوشىغا كېلىپ.



# قىرىق يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى

خان ئۆز ئىشىدا ھەربىر چاندۇرۇپ قويغان ۋاقىتلىرىدا، «قىرىق يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى» دېگەن تەمسىلنى كەلتۈرۈپ، پەرۋاسىز يۈرۈۋې-رىدىكەن.

بىركۈنى خان تەختتە ئولتۇرسا، سەلەي چاقچاق «ئەمرى خاقان» دەپ ئوردىغا ئېشىكى بىلەن كىرىپ كەپتۇ.

— كىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ ئۇ. جاللات، يوقات ئۇلارنى! — دەپ ۋار-قىراپتۇ خان.

— بۇ ئۆزلىرىنىڭ پەرمانى، شاھىم، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق. شاھانە لىباستىن يوپۇق كىيگۈزگەن ئېشىكىنىڭ ئۈستىدىن ئاستا چۈشۈپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ.

خان ھەيران بولۇپ، ئىشارەت بىلەن جاللاتلىرىنى قايتۇرۇپ، ئۆزى-مۇ تۇرۇپ قاپتۇ.

سەلەي چاقچاق سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— جانابىي ئالىيلىرى، دائىم «تۇغۇلغان كۈنۈمدە تارىختا بولمىغان ناھايىتى قىزىق بىر ئويۇن قىلىپ بەرگەيسەن!» دەپ پەرمان يازغانىدىلە. بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ قىرىق ياشقا تولغان كۈنى، يەنى «قىرىق يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى» بولىدىغان كۈن، — دەپتۇ.





## خام كاۋاپتىن بېرىڭ

سەلەي چاققان كاۋاپچىدىن بىر زىخ كاۋاپ ئېلىپ، ئۇنى تارتىپ كۆرسە، ئارانلا ئوتتۇز بەش گىرام چىقىپتۇ.

ــ ھەي، ئۇكام، سىلىدە ئىنساب بارمۇ؟ كاۋاپنىڭ ئېغىرلىقى يەتمىش بەش گىرام بولاتتىغۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان.

ــ سىلى خام كاۋاپنى دەۋاتىدىلا، بۇ بولسا پىشقىنى، ــ دەپ ئۆزىنى ئاقلاپتۇ كاۋاپچى، سەلەي چاققانمۇ بوش كەلمەپتۇ:

ــ ئۇنداق بولسا، ماڭا خام كاۋاپتىن بەرسىلە، ئۆزۈم پىشۇرۇپ يەي.





# سۆسەر تۇماق بەچچە

بىر كۈنى سەلەي چاققاننىڭ ئوغلى ئۇنىڭدىن:

— دادا، كۆل بويىدا بىر توپ كىشىلەر بىر ئادەمنى «تەخسىكەش» دېيىشىۋاتىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ نېمە دېگىنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— باي، ئەمەلدارلارغا يېقىنلىشىۋېلىپ ياخشى - يامان، ئاق - قارىنى ئايرىماي، شۇلارنىڭ دېپىنى چېلىپ، ئەپ ئالغۇچىلارنى «تەخسىكەش» دەيدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— ئۇنداق بولسا بىزنىڭ يۇرتتا تەخسىكەش بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار، بالام — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئۇ ئوپال بىلەن شەھەردىكى قازىخانا ئارىلىقىدا.

— ئۇ كىم؟

— ئەنە ئۇ، سۆسەر تۇماق كىيىۋالغان بەچچە، — دەپتۇ سەلەي چاققان ئات مىنىپ كېتىۋاتقان بەگنى كۆرسىتىپ.





# شۇڭا ئادەم جىق

بىر يىلى سەلەي چاقچاق ئوپالدا ئاياغ ياپمىسى ئاچقانىكەن، بازىرى ناھايىتى قىزىپ كېتىپتۇ. مال ئېلىشقا كەلگەن بىر خېرىدار:

— سەلەيكا، ياپمىلىرىدا ھەقىقەتەن ئاياغ كۆپ ئىكەن، بىراق بۇ ئاياغلارنىڭ سۈپىتى قانداقتۇر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن كىيىپ باقمىغاندىكىن بىلمەيمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئادەمنىڭ جىقلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بولمىسا سىناپ باقسىلا!

خېرىدار بىر جۈپ ئاياغنى كىيىپ بېقىپ، ئاستى ـ ئۈستىنى ئۆرۈپ قاراپتۇ ـ دە، تازا رازى بولمىغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

— مانا دېمىدىممۇ، سۈپەتنىڭ ياخشىلىقىدا گەپ يوق، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق ئۇ خېرىدارنىڭ بېشىنى نېمە مەقسەتتە لىڭشىتقىنىنى بىلىپ، — خېرىدارلار بۇرۇن ئاياغنى سېتىۋېلىپ، بىرنەچچە ھەپتە ئۆتمەيلا «ئالماشتۇرۇپ بەرسىڭىز» دەپ كېلەتتى، مانا ھازىر پۈتۈنلەي ياندۇرۇشقا كېلىۋاتىدۇ، شۇڭا ئادەم جىق.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## سىلىمۇ دورىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تېتىپ باققانمۇ؟

سەلەي چاققان كىتابپۇرۇشلۇق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر دورىپۇرۇش ئۇنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ، كىتاب جازىسىدىن بىر پارچە كىتابنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەلەيكا، بۇ كىتاب قىزىقمۇ؟

— بىلمەيمەن، مەن تېخى ئوقۇپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم.

— سىلى ئۆزلىرى ئوقۇپ چىقمىغان كىتابنى نېمىشقا ساتىلا؟ — دەپ سوراپتۇ دورىپۇرۇش.

— بۇرادەر، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — سىلىمۇ ساتقان دورىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تېتىپ باققانمۇ؟





# قاسرىقىدىن ئاجرىغان بەگ

سەلەي چاققان ئېتىزلىقتا ئەمگەك قىلىۋاتاتتىكەن. ئۇنىڭ ئويناپ يۈرگەن بالىسى يىلاننىڭ قاسرىقىنى تېپىۋېلىپ سوراپتۇ.

— دادا، بۇنى تېپىۋالدىم، بۇ نېمە؟

— يىلاننىڭ قاسرىقى، بالام.

شۇ ئارىدا يامۇلدىكى بەگلىك مەنسىپىدىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن بىر بەگ سەلەي چاققان بىلەن سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بالا يەنە سوراپتۇ:

— بۇ كىم دادا؟

— ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، بالام؟ بۇلتۇر مېنى پاراق تۆلىمىدىڭ دەپ يامۇلغا سولىغان بەگ ئاشۇ ئەمەسمۇ؟

— بۇ بىز كۆرگەن بەگكە ئوخشىمايدىغۇ؟ — دەپتۇ بالىسى.

— بۇ قاسرىقىدىن ئاجرىغان بەگ، — دەپتۇ سەلەي چاققان كىنايە بىلەن.





# شام چىشلىگەن قاغا

سەلەي چاققان ياش چاغلىرىدا ھېلىگەر تۈلكىنىڭ قاغىنى ئالداپ «ناخشاڭنى سېغىندىم» دەپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گۆشنى چۈشۈرۈۋالغانلىق ھەققىدىكى ھېكايىسىنى ئاڭلىغانىكەن. بىركۈنى سەلەي چاققان ھويلىسىدا ئولتۇرسا، شام چىشلىگەن بىر قاغا كېلىپ، ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخكە قونۇپتۇ. سەلەي چاققان بۇنى كۆرۈپ «توختا، سېنى بىر ئەپلەي» دەپ ئويلاپ، دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ:

— قاغا دوستۇم، سېنىڭ ناخشاڭنى بەك ياخشى كۆرىمەن، بىر توۋلىۋەتكىنە! — دەپتۇ. لېكىن، قاغا شامنى چىشلىگەن پېتى ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئەتىسى سەھەردە قاغىنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازىدىن ئۇخلىيالمىغان سەلەي چاققان پېشايۋانغا چىقىپ قاغىغا خاپا بولۇپ دەپتۇ:

— شام چىشلىگەندە، ناخشاڭنى ئاڭلاي دېسەم زۇۋانىڭنى چىقارماي كېتىپ قالدىڭ، قورسىقىڭ ئاچقاندا ئېيتقان ناخشاڭنى چېكەڭگە تاڭ!...





# سېتىۋالغان ئۆكۈز

سەلەي چاققان قوشنا مەھەللىدىن سېتىۋالغان ئۆكۈزنى ھارۋىغا قېتىپ بازاردىن يېنىپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۆكۈز قوشنا مەھەللىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە چوڭ يولدىن بىراقلا بۇرۇلۇپ، ئېتىز ئارىسى بىلەن ھارۋىنى ئېلىپ قېچىپتۇ ۋە سەلەي چاققانىنىڭ «ھاي ـ ھۇي» دېگىنىگە قارىماي چېپىپ، ئىلگىرىكى ئىگىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە توختاپتۇ. سەلەي چاققان ئاچچىقى بىلەن ھارۋىدىن چۈشۈپ:

— يۇر ئەخمەق! — دەپتۇ ئۆكۈزنى قامچا بىلەن بىرنى سىلىپ، — سېنىڭ بۇ قورۇدىن ئاجرىغىڭ كەلمەيدىغان بولسا، مال بازىرىدا نېمىشقا قاچمىدىڭ؟





# ھۇۋقۇشتەك بولۇپ قاپلا

سەلەي چاققاننىڭ مەھەللىسىدە بىر جازانىخور قاسساپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بار ئىكەن. بىركۈنى ئۇ خوتۇنلىرىنى ياساپ كىيىندۈرۈپ، ئۆزى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپ بازارغا كېتىۋاتقانىكەن. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن سەلەي چاققان چىقىپ قاپتۇ. قاسساپ ئۇنى يېنىغا تارتىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ:

— قانداق بۇرادەر، مېنىڭ قۇشلىرىم قاملىشىپتىمۇ؟ — دەپتۇ خوتۇنلىرىنى ئىما قىلىپ.

سەلەي چاققان ئۇنىڭغا:

— خوتۇنلىرىغۇ قاملىشىپتۇ، بىراق ئۆزلىرى ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ھۇۋقۇشتەك بولۇپ قاپلا، — دەپتۇ.





# داراڭلىغان چېلەك

سەلەي چاققان شەھەردە تۇرغان كۈنلەردە بۇلاقبېشىدىن ئەپكەشتە سۇ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانىكەن. يېرىم يولدا ئەپكەش سۇنۇپ كېتىپ، چېلەكلىرى داراڭلاپ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر چوكان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كېتىپ ۋارقىراپتۇ:

— ۋاي خۇدايىم! نېمە ئىش بۇ؟

— نېمە بولدىلا، خېنىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان ئۇنىڭغا.

— چېلەكلىرىنىڭ داراڭلىغىنىدىن قورقۇپ كەتتىم.

— كىچىككىنە چېلەكنىڭ داراڭلىغىنىدىن بۇنچىلىك قورقسىلا، يوغان داس داراڭلىسا قانداق قىلارلا؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قوچقار ۋەقەسى

سەلەي چاققان بورداق قوچقىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بازاردىن كېلىۋاتقانىكەن.

يېرىم يولدا تىكلىمە ئەينەك يۆدىۋالغان بىرسى «پوش.. پوش!» دېگىنىچە سەلەي چاققانىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. سەلەي چاققانغا ئەگىشىپ مېڭىۋاتقان قوچقار ئالدىدىكى ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىپتۇ ـ دە، يوگۈرگەن پېتى كېلىپ ئەينەككە كاللا قويۇپتۇ. ئەينەك پارچە ـ پارچە بولۇپ، ئۇنى كۆتۈرگەن كىشى ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپتۇ. ئۇ كىشى سەلەي چاققانغا خېلى كايىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ. سەلەي چاققان دەرھال ئەيىبىنى بويىنىغا ئېلىپ:

— مەن بۇ ئەخمەقنىڭ ئەينەككە ئۇسكەن گۇناھىنى كەچۈرمەيمەن! — دەپلا قوچقارنى كۆتۈرۈپ بېسىپ، تۆت پۇتىنى بوغۇپتۇ ۋە قونجىدىن پىچاقنى ئېلىپ بوغۇزلىۋېتىپتۇ. ئەينىكى چېقىلغان كىشى نېمە دېيىشىنى بىلمەي قاراپ تۇرۇپلا قاپتۇ، سەلەي چاققان بوغۇزلانغان قوچقارنى كىراكەشنىڭ هارۋىسىغا بېسىپ:

— مەن بۇ قوچقارنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ، پارچىلانغان ئەينەكتەك پارچىلاپ تاشلىمىغۇچە دەردىم چىقمايدۇ، — دەپتۇ.



# توڭلاپ قالمىسۇن دېدىم

خان ھۇزۇرىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، سەلەي چاققان ئوردا ئىچىدىكى گۈل - گىياھلارغا ناھايىتى ئوبدان قاراپتۇ. بىر قېتىم ئۇ گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋاتسا ئوردا بېگى قەستەن سوراپتۇ:

— ھەي سەلەي ئاخۇن، گۈللەرگە ئىسسىق سۇ قۇيۇۋاتاملا، قانداق؟ ھور چىقىۋاتىدۇ، بۇ قانداق ئىش؟

— كۆرمەملا بېگىم، ھازىر تالا بەك سوغۇق، — دەپتۇ سەلەي چاققان بەگكە قاراپ، — سىلىنىڭمۇ باشلىرىدىن ھور كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ، گۈللەرنى توڭلاپ قالمىسۇن دېدىم.





# ساڭا بۆرۆت چىققاندىن كېيىن...

سەلەي چاققان كىچىك ۋاقتىدا «چوڭلار بىلەن بىللە ئولتۇرىمەن» دەپ، داستىخانغا كېلىۋالىدىكەن.

— بولمايدۇ، قوزام، — دەپتۇ ئانىسى، — سەن تېخى كىچىك، بۆرۆت چىققاندا ئاندىن چوڭلار قاتارىدا غىزالانساڭ بولىدۇ.

سەلەي چاققان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئىلاجسىز ئولتۇرۇپتۇ. نەق شۇ چاغدا ئاسلان قورىمىلارنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ، ئۇنىڭ قېشىغا كەپتۇ. سەلەي چاققان ئاسلاننى ئىتتىرىپ دەپتۇ:

— ئاسلىنىم، مېنى دورىما، سېنىڭ بۆرۆتۈڭ بولغاندىكىن چوڭلارنىڭ قېشىغا بار.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

漫画赛来·恰坎幽默与智慧. 11~20：维吾尔文 / 乌其洪江·玉麦尔撰文；阿迪力·阿布力孜绘画. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
ISBN 978-7-5469-7808-6

Ⅰ. ①漫… Ⅱ. ①乌… ②阿… Ⅲ. ①维吾尔族-笑话-作品集-中国-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 277267 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：吐尔洪·吐尼牙孜
吾尔亚提·尼亚孜
责任校对：吾尔亚提·尼亚孜
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　漫画赛来·恰坎幽默与智慧(19)(维吾尔文)
撰　　文　乌其洪江·玉麦尔
插　　图　阿迪力·阿布力孜
出　　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
印　　刷　新疆新华华龙印务有限责任公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/16
总 印 张　30
版　　次　2015 年 11 月第 1 版
印　　次　2016 年 6 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7808-6
总 定 价　100.00 元　(全十册)

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات

دۆلەتلىك مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر

国家民族文字出版专项资金资助项目



ISBN 978-7-5469-7808-6

9 787546 978086

10.00元

ئوقۇ سەرخىل كىتابلىرى
dudu
WWW.dudu-book365.com

总定价：100.00元(全10册)